# 5326 ـ ئىسلام دىنىدا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

**سوئال**

ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتىكى ئورنى نىمە؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى :

1- ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش بولسا جانابى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن: بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. يەنە بىر ئايەتتە: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سىنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دىمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن , ئۇلارغا كامالى مىھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مىنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن دىگىن» . ئىسرا سۈرىسى 23، 24 ـ ئايەتلەر.

ھەدىس شەرىپتە: ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن، ئەمەللەردىن قايسىسى ئەۋزەلرەك دەپ سورالغاندا: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ھەقتە ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپتۇر.

2- ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارغا ئىھسان قىلىش ئىنسانىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى قېرىلىق ھالەتكىچە ياشىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن، بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن، بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن ! سەھىھ مۇسلىم 4627 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

3- ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش، ياخشى كۆرۈش بولسا، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.

4- ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقانلىق سانىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىڭىزغا سەۋەبچىدۇر. سىزگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىپ سىزنى كىچىكىڭىزدىن تارتىپ ياخشى تەربىيىلىدى. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا رەھمەت ئېيتقىن .

5– پەرزەنتنىڭ ئاتا– ئانىسىغا ئېھسان قىلىشى، كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىقنىڭ جازاسى ياخشىلىقلام بولىدۇ !.

جانابى ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.